# 39191 - ھەج قاچان پەرز قىلىنغان؟

## سوئال

ھەج ئىبادىتى ھىجرىيىنىڭ قايسى يىلى پەرز قىلىنغان؟

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ھەج ئىبادىتىنىڭ قايسى يىلى پەرز قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس، بەزىلەر ھىجرىيىنىڭ 5- يىلىدا، بەزىلەر 6- يىلىدا،بەزىلەر 9- يىلىدا يەنە بەزىلەر 10- يىلىدا پەرز قىلىنغان دەيدۇ. كېيىنكى ئىككى قاراش توغرا قاراشتۇر، ئۇ بولسىمۇ ھەجنىڭ ھىجرىيىنىڭ 9-يىلى ياكى 10- يىلىدا پەرز قىلىنغانلىقىدۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ **«قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى»** دېگەن ئايىتى بولۇپ، بۇ ئايەت ھەجنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە شۇنداقلا بۇ ئايەت ھىجرىيىنىڭ 9-يىلىنىڭ ئاخىردا ئەلچىلەر يىلىدا (عام الوفود) چۈشكەن، شۇنىڭدىن ھەج ئىبادىتى ھىجرىيىنىڭ 9- يىلىنىڭ ئاخىردا پەرز بولغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. (زادۇل مەئاد 3- توم 595-بەتكە قارالسۇن)

توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

ئىلمى تەتقىقات دىنى پەتىۋا تەشۋىقات كومىتېتى پەتىۋالار توپلىمى 11-توم 10-بەتكە قارالسۇن..